## 33679 ـ كۆچلۈكلۈك ۋە ئاجىزلىق ئوتتۇرىسىدىكى ئىسلام ۋە غەرب

### سوئال

مۇسۇلمانلارگە يۈزلەنگەن بالايى –ئاپەتلەرگە قاراپ ،شۇنى بىلگۈم كېلىدۇ:ئىسلام هايات يولى بىلەن غەربپ باياشات ـ ئالغا باسقان ۋە كۈچ قۇدرەت هايات ئوتتىرىستىكى پەرىق نىمە ؟هەم ئككى جەمئەت ئاياللىرىغا بولغان بەلگۈلىمىلەر ئوتتورىسىدىكى پەرىق نىمە؟مەن بۇ دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلار ئەهۋالىغا قايغۇرۇپ بۇ سوئالنى سوراۋاتىمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

مەدىهيە ئاللاهقا بولسۇن .

1–بۇ مۇسۇلمانلارغا چۈشۈۋاتقان بۇ بالايى قازالار ۋە مۇسىبەتلەر پەقەت ئۇلار ئۆزلىرى جەمئەتلىرى ۋە دۆلەتلىرى ھەققىدىكى ئاللاهنىڭ قانۇنلىرىنى تاشلىۋەتكەنلىكتىن چۈشىۋاتىدۇ.ئۇلار ئاللاهقا ياردەم قىلمىسا ،ئۇ قانداقسىگە ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ؟

ئۇھۇد جىڭىدە بىر قىسىم مۇسۇلمانلار پەيغەمبەرگە (ئاللاهنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىغى ئۇنىڭغا بولسۇن ) ئىتائەتسىزلىك قىلغاندا ،ئاللاھ ئۇلارنى مەغلوبىيەت بىلەن جازالىدى ،گەرچە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەيغەمبەر (ئاللاهنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىغى ئۇنىڭغا بولسۇن ) ۋە ساھابىلارنىڭ ئاقسىقاللىرى بولسىمۇ .شۇڭا بۈگۈنكى كۈندە مۇسۇلمانلار ئاللاهقا كېچە –كۈندۈز ئىتائەتسىزلىك قىلىۋىتسا ،ئۇنىڭ دىنى بەلگىلىمىلىرىدىن چىقىپ كىتىۋاتسا (ئاللاھ رەھىم –شەپقەت قىلغانلار ئۇنىڭ سىرتىدا )مۇسۇلمانلىرىمىزنىڭ ئەهۋالى نىمە بولماقچى؟

2–گەرچە مۇسۇلمانلار بالايىـ ئاپەت،مۇسىبەتلەر ئىچىدە ياشاۋاتقان بولسىمۇ ،غەربپ ئۆز جەمئەتلىرى ۋە ئۆز ئەهۋاللىرى ھەققىدە دۇچ كېلىۋاتقانلىرى بەكراق ئىغىر ۋە قاتتىقتۇر .يەنى ئىتىقات، بىخەتەرلىك ،ئائىلە توغرىسىدا،بولۇپمۇ ئاياللارغا موناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە يولۇقىۋاتقانلىرى تېخىمۇ ئىغىردۇر.غەربپ دۆلەتلىرىنىڭ يىقىنقى سىتاستىكىسىغا قارساق ،ئۇلار ئەهۋالىنىڭ تېخىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىكەنلىگىنى كۆرىمىز ،بىز بىر نەچچە مىسال بىلەن قاراپ باقايلى :

بىر قىسىم ياۋرۇپا دۆلەتلىرىدە 65% ئايال ئىشچىلار خىز مەت ئورونلىرىدا جىنسى پاراكەندىچىلىككە ئۇچرايدۇ .

ئامرىكىدا 18% ئايال ئۆز ھاياتىنىڭ مەلۇم باسقۇچلىرىدا باسقۇنچىلىق قىلىنىدۇ ياكى باسقۇنچىلىققا ئۇرۇنىلىدۇ.

باسقۇنچىلىق قىلىنغان ئاياللارنىڭ يىرىمىدىن كۆپرەكى 17 ياشتىن تۆۋەن "سىتاستىكا ،ئوقۇش،رەقەملەر"141 ب.

1993–يىلى ئىيۇن بىلەن فىۋرال ئارىسىدا كانادادىكى بىر تىلفۇن بىلەن بولغان 12300 ئايال ھەققىدىكى سىتاستىكىدا :

كانادا ئاياللىرىنىڭ يىرىمى 16ياشتىن كىيىن جىسمانى ياكى جىنسى زورروۋانلىق ۋەقەسىگە ئۇچۇرغان .

45% تى ئۇلارغا ناتۇنۇش ئەرلەر تەرىپىدىن چىقىلغان .

23%تى ناتۇنۇش كىشلەر تەرىپىدىن چىقىلغان .

23%تى نىكاھ ماجراسى سەۋەپلىك قورال بىلەن چىقىلىنغان . "سىتاستىكا ،ئوقۇش،رەقەملەر"141 ب.

ئامرىكىدا:

ھەر يىلى بىر مىلىيۇن ھارامدىن بولغان بالا تۇغۇلىدۇ،

12مىلىيۇن بالا ئۆيسىز ھەم ناچار مۇھىتتا ياشايدۇ.

ھەر يىلى بىر مىلىيۇن بالا ئالدۇرۇشتىن بولىدۇ.

ئەنگىلىيىدە:

بىر يىلدا 25مىلىيۇن شەھۋانى مەزمۇندىكى تېلفۇن خاتىرلەنگەن.

لاتىن ئامرىكىسىدا 40 مىلىيۇن بالا ئۆي ماكانسىز.

شىۋىتسايىيە قانۇنى ئاكا –ئۇكا بىلەن ئاچا –سىڭىلنىڭ توي قىلىشىنى رۇخسەت قىلىدۇ.

"ستاستىكا ،ئوقۇش،رەقەملەر"150 ب.

بىز سىنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن پەخىرلەنگەنلىكىڭگە مۇسۇلمانلار ھەققىدە ھامىلارچە قىزغانغانلىقىڭغا رەھمەت ئېيتىمىز .

ئاللاھتىن بىزگە ۋە ساڭا كۈچ قۇۋۋەت بىرىشىنى سورايمىز،ھەمدە ئاللاھ ھەممە كۈچ قۇۋۋەتنىڭ مەنبىيى.